دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەر

# مۇھىت گۈزەللەشتى ــــ يېزا ـ كەنتلەرنىڭ قىياپىتى گۈزەل تۈسكە كىردى

جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر ④

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لىۇ يى

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزىلىرى تىلغا ئېلىنسا، سىز نېمىلەرنى ئەسكە ئالىسىز؟ يول ماڭغاندا پۇرقىراپ ئۆرلەيدىغان توپا ـ چاڭلارنىمۇ ياكى كەنتتىكى رەتسىز سېلىنغان ئۆيلەرنىمۇ ۋە ياكى قوتاندىن قېچىپ چىقىپ قالايمىقان چېپىپ يۈرگەن قوي ـ كاللارنىمۇ؟

ھېچقايسىسى ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلسىڭىز، قۇملۇقتىكى گۈزەل توغراقلارنى كۆرۈپلا قالماي، يەنە كۆڭۈل قويۇپ بېزەلگەن دېھقانلار ھويلا ـ ئارانلىرىنى ھەممىدە پاكىز، رەتلىك يۇغۇشتۇرۇلغان مېھمانخانا، ئاشخانا ئۆيلىرىنى كۆرەلەيسىز، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىدە قەد كۆتۈرگەن كىچىك كەنتلەرنىڭ قىياپىتى ئۆزگەردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېزىلاردىكى گەۋدىلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، «مىڭ كەنتنى ئۈلگە قىلىپ تىكلەش، ئون مىڭ كەنتنى تۈزەش» قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

مۇھىت گۈزەللەشتى، قىياپەت گۈزەل تۈسكە كىردى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىر كەنت «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى ساقلاپ قالىدىغان، يۇرت سېغىنىشىنى ئەستە ساقلايدىغان» ياخشى جايغا ئايلانماقتا.

## مۇھىت پاكىزلاندى يېزىلارنىڭ ھەممىلا يېرى گۈزەل تۈسكە كىردى

تەكشى، تۈز كەتكەن كەنت يوللىرى، پاكىز ھويلا ـ ئارانلار، سالقىنلىق بېغىشلايدىغان ئۈزۈم كارىدورلىرى، نىلۇپەر گۈللىرى لەيلەپ تۇرىدىغان كۆلچەكلەر، يەنە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تەسىرلىك رەسىملەر سىزىلغان مەدەنىيەت تاملىرى... لوپ ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسى قوچاقبېرىق كەنتىگە كەلسىڭىز، بەخت تۇيغۇسىنى ھېس قىلىسىز.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سەھەردە، قوچاقبېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئارزۇگۇل مەمەت بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر كۈنلۈك ئالدىراشچىلىقنى باشلىدى. ھويلا ـ ئاراندىكى يەرگە چۈشكەن غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ، ئائىلە جابدۇقلىرىنىڭ يۈزىدىكى توپا ـ چاڭلارنى سۈرتتى. ئۇ ئاددىيلا ناشتا قىلغاندىن كېيىن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، شۇ كۈنلۈك دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ تاماق ـ سەيلىرىنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

شۇ كۈنى شەنبە ئىدى، ھەممە ئائىلە پات ئارىدا كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى، گۈزەل كەنت يىراقتىن كەلگەن مېھمانلارنى جەلپ قىلدى، بۇ جاي لوپ ناھىيەسىنىڭ شەھەر ئەتراپىغا ساياھەتكە چىقىدىغان «تۇردا ئالقىشلانغان چوقۇم بارىدىغان جاي»غا ئايلانغانىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئولتۇراق مۇھىتنى رەتكە سېلىپ تۈزەشنى تۇرگە ئايرىپ ئالغا سىلجىتىپ، كەڭ كۆلەمدە چاقماي، كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلماي، بەلكى دېھقانلار ئۆزى قول سېلىپ قىلالايدىغان، ئاسان يولغا قويۇشقا بولىدىغان، ئاسان ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان كەنت مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشتىن قول سېلىپ، ھەم تازىلىق مۇھىتنى تۈزىدى، ھەم كۆپچىلىكنىڭ مۇھىتنى ئاسراش، مۇھىتنى قوغداش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئىشەنچى كۈچەيدى.

بۈگۈنكى كۈندە، شۇنى روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇكى، ياخشى مۇھىت جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ قىياپىتىنى سىرتىدىن ئىچىگىچە ئۆزگەرتمەكتە. يېزىلاردىكى قاتار كەتكەن ھويلا ـ ئارانلار گەرچە بەك ئېسىل بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىگە پاكىز، رەتلىك تەسىر قالدۇرىدۇ.

كەنت قىياپىتىنىڭ ياخشىلىنىشى نامرات ئاممىنىڭ روھىنى ئۆستۈردى، كۆپچىلىكنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ئاتلىنىش ئىشەنچى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئاشتى، زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى.

## ئەسلىھەلەر مۇكەممەللەشتى يېشىل تەرەققىيات مودىغا ئايلاندى

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاۋات ناھىيەسى دولان يېزىسى ئۈستىنكى دولان كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇرىمان مامۇت ئۆيىگە كېلىپلا قولىدىكى ئىككى قۇرۇق ئىچىملىك بوتۇلكىسىنى ئىشىكى ئالدىدىكى ئەخلەت تۇڭىغا تاشلىدى، بۇ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىپ يىغىۋالىدىغان مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئەخلەت تۇڭى بولۇپ، ئىچى قۇرۇق ئىچىملىك بوتۇلكىسى، ئورىما قەغەز قاتارلىق يىغىۋالغىلى بولىدىغان ئەخلەتلەر بىلەن توشقانىدى.

«بىز يىغىۋالغىلى بولىدىغان ئەخلەتلەرنى كەنتتىكى ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىغا ئاپىرىپ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا تېگىشىپ، ئەخلەتلەرنى كېرەكسىز نەرسىدىن گۆھەرگە ئايلاندۇردۇق.» نۇرىمان مۇنداق دېدى: ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈستۈنكى دولان كەنتىنىڭ كەنت قائىدىسى ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىگە كىرگۈزۈلدى، قۇرۇلۇش ئەخلەتلىرى، تۇرمۇش ئەخلەتلىرى، يىغىۋالغىلى بولىدىغان ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ يىغىۋېلىش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى.

مۇخبىرنىڭ ئاۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ ئىككى يىلدا، ئاۋات ناھىيەسى دېھقانلارنى چىرىيدىغان ئەخلەت، كۆيدۈرگىلى بولىدىغان ئەخلەت، قۇرۇلۇش ئەخلىتى، يىغىۋېلىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئەخلەت، زىيانلىق ئەخلەتتىن ئىبارەت بەش تۈر بويىچە كۈندىلىك تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىشقا ھەم يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەخلەتلەرنى تازىلاش ـ توشۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئەخلەت ئومۇمىي مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش ۋە تۈزەش تەننەرخىنى ئازايتىش مەقسىتىگە يەتكەن.

نۆۋەتتە، ئۈستۈنكى دولان كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنمىغان كۈندىلىك تۇرمۇش ئەخلەت مىقدارى مۇھىت تۈزەشتىن ئىلگىرىكىدىن 90% ئازلىدى، ئەخلەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئونىۋېرسال تەننەرخى تەخمىنەن 45% تۆۋەنلىدى، ئەخلەت ئازايدى، مۇھىت پاكىزلاندى، كەنت ئاھالىلىرى ھويلا ـ ئارانلاردىكى ئىلگىرىكى تاشلىنىپ قالغان بوش يەرلەردىن پايدىلىنىپ ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى پارچە ـ پارچە ياپيېشىل كىچىك كۆكتات ئېتىزلىرى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈپلا قالماي، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تاماق ئۈستەلىنى مولالاشتۇردى، يەنە كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىنى ئاچتى.

دېھقانلارنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭى ئۆسۈۋاتىدۇ، يېزا مۇھىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەت پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەرىكىتىمۇ تېز ئالغا سىلجىتىلىۋاتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كەنت تازىلىق ھەرىكىتى خىزمەت مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، كەنت مۇھىتىنى تۈزەشتە ساقلانغان كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىدى، كەنت مۇھىتى گۈزەللىشىش بىلەن بىللە، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى پەرقمۇ ئۈزلۈكسىز كىچىكلىدى.

## جەلپ قىلىش كۈچى كۈچەيدى ئىش قىلىپ ئىگىلىك تىكلەشنىڭ يېڭى مۇنبەت تۇپرىقى يارىتىلدى

كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسى ئاياغ سېرىقئاتا كەنتى قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىدىكى گۈزەل كەنت، گەز دەرياسى بۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، گۈزەل مەنزىرىسى كىشىنى مەستخۇش قىلىدۇ.

گۈزەل مەنزىرىلەر ئىچىدە، يەنە كەنت ئاھالىسى مەخمەت مامۇتنىڭ ئاشخانىسىدىن چىققان مەززىلىك تاماقنىڭ ھىدى بار. پولۇ، پېتىر مانتا... كىشىلەرنىڭ مەخمەتنىڭ ئاشپەزلىك ھۈنىرىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن، ئۇ ئاشخانا ۋە پۇقراۋى قونالغۇ ئاچتى.

مەخمەت مۇنداق دېدى: ئىلگىرى پەقەت يەر تېرىشقىلا تايىناتتىم، كىرىمىم ئىنتايىن چەكلىك ئىدى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە ھويلامنى ۋە ئۆيۈمنى رېمونت قىلىپ، ئاشخانا ۋە پۇقراۋى قونالغۇ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندىم، بۇلتۇر ئائىلەمدىكىلەرنىڭ كىشى بېشى كىرىمى 15 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاياغ سېرىقئاتا كەنتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، يېزا ـ كەنت ساياھىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى. يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى «ئالتۇن تاۋاق»قا ئايلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئاياغ سېرىقئاتا كەنتى ئىشلىتىش كۆلىمى 1300 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، ئىستىراھەت قاتارلىق فۇنكسىيەلەر بىر گەۋدە قىلىنغان يېڭىبازار كەچلىك بازىرىنى قۇردى، ئۇزاق يىل رېمونتسىز قالغان سۇ توگمىنىمۇ قايتا چۆرگۈلىدى، ساياھەتچىلەر ئۈزلۈكسىز كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت قىلدى.

بۇ يىل كەنت بازىرىدا سېتىش سوممىسى 700 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈرلۈك مەھسۇلاتلىرى سىرتقا 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق سېتىلدى، كەنتنىڭ يەرلىك تۇخۇم، ئۇن، ئۆرۈك قېقى قاتارلىق خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ساياھەتكە تايىنىپ تېخىمۇ كەڭ بازارغا يۈزلەندى، مۇھىتنىڭ پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلىپ، پۈتۈن كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

گۈزەل يېزا ـ كەنتلەر نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلىپلا قالماي، يەنە سىرتقا چىققان ياشلارنى يۇرتىغا قايتىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە جەلپ قىلدى.

يېپيېڭى مۇھىت، پۈتۈنلەي يېڭى تۇرمۇش. جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ يېڭى قىياپىتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەسەۋۋۇرغا تولغان يېڭى ئۈمىد يېتىلدۈرمەكتە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېت يىغىنى، سىياسىي بيۇرو يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئۆزى شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى، 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى، 12 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 5 ـ يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى مەخسۇس ئاڭلىدى، بىر قاتار مۇھىم سۆز قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ بۇ باش نىشانىنى بېكىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى بېيىتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈش، سەممىي ھېسسىيات ــــ

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسى مىسلىسىز يۇقىرى، شىنجاڭنى قوللاش سالمىقى مىسلىسىز زور، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، كۆيۈنۈشى مىسلىسىز چوڭقۇر بولدى. بىر قاتار ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلماقچى بولسىمۇ ھەل قىلالمىغان بىر مۇنچە قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، ئىلگىرى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان بىر مۇنچە چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ياردەم بەردى.

بېلىق سۇنىڭ قەدرىنى بىلگەندەك، بەختنىڭ مەنبەسىنى بىلىش كېرەك. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ياشاۋاتقان كىشىلەر دۆلەت قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەردىن چەكسىز روھلانماي تۇرالمايدۇ، شىنجاڭدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەردىن شاد ـ خۇراملىقتا چۆممەي تۇرالمايدۇ.

«باش شۇجىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز!» ــــ تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتى نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىكى يىگىنە ئىشقا ماھىر جۈپ ـ جۈپ چېۋەر قوللاردا، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرگە تولغان مېۋىلىك باغلاردا، مول ھوسۇللۇق بىپايان تۇپراقتا، يەسلىدىكى بالىلارنىڭ سەبىي ئاۋازىدا، ھەربىر شىنجاڭلىقنىڭ قەلبىدە ئىپادىلەنمەكتە.

### مەركەزداش چەمبەر سېزىش

**ــــ قەلبلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەپ، كۈرەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىمىزنى ئۇرغۇتىدىغان غەيرەت ۋە ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادە بىلەن قەتئىي ئالغا ئىلگىرىلەيمىز**

ھەممە بىر نىيەتتە بولسا، غايەت زور كۈچ ـ قۇدرەت پەيدا بولىدۇ؛ ئەگەر ھەربىر ئادەمنىڭ ئوي ـ پىكرى ئوخشاش بولمىسا خۇددى قۇمدەك چېچىلىپ، ئادەم ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ رولى بولمايدۇ.

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش «پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مۇجەسسەملەش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىش»تەك ئىرادىگە موھتاج، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا موھتاج، تېخىمۇ مۇھىمى، بارلىق شىنجاڭلىقلارنىڭ كۈرەش بايرىقىنى ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلىپ، قەدەم بىلەن مۇساپىنى ئۆلچەپ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشى، ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشى، كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە موھتاج.

شىنجاڭ تۇپرىقىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە قايتا نەزەر سالساق، بۇ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەجرى ۋە يۈرەك قېنىدىن ئايرىلالمايدۇ ــــ

پامىر ئېگىزلىكىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە، تارىم دەرياسى بويىدىن ئالتاي تېغى باغرىغىچە، سۇچىلىق، قاتناش، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتىكى زور بىر تۈركۈم مۇھىم، زور تۈرلەر كەينى ـ كەينىدىن ئەمەلىيلىشىپ، زور بىر تۈركۈم خەلق تۇرمۇشى تۈرى چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى.

2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن جەمئىي 83 مىليارد 811 مىليون يۈەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرىدىن 9161 ى يولغا قويۇلدى، 8965 كادىر، ئىختىساسلىق خادىم تالالاپ ئەۋەتىلدى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارى يەنىمۇ ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە «قالتىس» كۈچ قوشۇلدى.

شىنجاڭ تۇپرىقىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە قايتا نەزەر سالساق، بۇ، بىكتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ قول تۇتۇشۇپ، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىدەك جانلىق ئەمەلىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ ــــ

بىكتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسى، يېڭى يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، چىگرا رايونى ئورتاق قوغدايدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە بەرپا قىلىدىغان، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، گۈزەللىكلەردە ئۆز ئارا تولۇقلايدىغان، مەدەنىيەتلەر يۇغۇرۇلىدىغان يېڭى مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا جانلىق گەۋدىلەندى.

شىنجاڭ تۇپرىقىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە قايتا نەزەر سالساق، بۇ، شىنجاڭلىقلارنىڭ تىز پۈكمەي، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ ــــ

دىققەت باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، «بىرىكمە مۇشت» ياخشى ئېتىلىپ، ھەربىر ئادەم مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشتى؛ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات كۆزلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ كارخانىلار يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق پاسسىپ ۋەزىيەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش جەريانىدا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىدى؛ كۈچ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا مۇجەسسەملىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ساقلاپ تۇرماي، تايىنىۋالماي، ئەمگەكچان بىر جۈپ قولغا، بۇسۇپ ئۆتۈشكە، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىش روھىغا تايىنىپ گۈزەل تۇرمۇش ياراتتى؛ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلى مۇستەھكەملىنىپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، جاپاغا چىداپ پۇختا ئىشلەپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، پارتىيە رايى، خەلق رايىنى مۇجەسسەملىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا، ھەممە جايدا بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئالغا ئىنتىلىدىغان، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھ ۋە كۈچ ئۇرغۇتۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئىشەنچى ۋە جاسارىتى يەتكۈزۈلمەكتە.

### جاسارەت بىلەن يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەش

**ــــ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى كۈرەش قىلىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، مەن قىلمىسام كىم قىلىدۇ دېگەن مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان بۇرچ بىلەن، مەردانە قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز**

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام راۋاجلاندى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاق ـ ئىناق، دىنلار ئىناق، رايىش بولدى، چېگرا رايون مۇستەھكەم، تىنچ بولدى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى، تۈرلۈك ئىشلار ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى.

چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر ئەجىرسىز قولغا كەلمەيدۇ، ئۇ «سىستېمىنىڭ ئاپتوماتىك يېڭىلىنىشى» ئەمەس، ئۇ سانسىزلىغان سان ئۆزگىرىشنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان سۈپەت ئۆزگىرىشىدۇر.

جاپالىق ئەجىر مېۋە بەرگەندە، ئىلگىرىكى ئارزۇ رېئاللىققا ئايلانغاندا، بىز ئىختىيارسىز ھالدا: قانداق كۈچ بىزنى بوران ـ چاپقۇنلارنى يېڭىشكە، خىرىسلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە يېتەكلىدى؟ قانداق روھ بىزنى قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشكە، مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا يېتەكلىدى؟ دەپ سورايمىز.

يۆنىلىش توغرا بولسا، يول يىراق ئەمەس.

نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتتە بىز يۆنىلىشتە چىڭ تۇردۇق. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى كومپاس، رول، ئۆلچەمگۈچ بولۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى چىڭگىش، مۇرەككەپ شارائىتتا توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشقا، زىددىيەت، خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال.

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى، پەقەت ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرسەكلا، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى ئېنىق، يولى توغرا، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ.

كۈرەش قىلىش ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ، ئۈمىد بېغىشلايدۇ. كۈرەش مۇساپىسىدە، ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى روھنى مەنبە قىلغان بولىدۇ؛ كىشىنى ئەڭ ھاياجانغا سالىدىغان ئۆزگىرىش كىشىلەر قەلبىدىن باشلىنىدۇ. بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، شەخسنىڭ كەلگۈسى بىلەن دۆلەتنىڭ نىشانىنى ماس قەدەملىك قىلىپ، شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى ھەربىر «كىچىك مەن» بىلەن «چوڭ ئومۇملۇق»نى ئوخشاش يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەيدىغان قىلىشىمىز كېرەك. ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىدىكى كۆتۈرەڭگۈ قايناق ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇپ، «توك تولۇق قاچىلانغان» ھالەتنى ھەر ۋاقىت ساقلاپ، كۈرەش ھالىتىدە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

«ئۆتمۈشتىن بارلىققا كەلگەن ھازىر ئۇلۇغ كەلگۈسىنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە». يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىزنى كۈرەش قىلىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇپ، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان تەخىرسىز قەدەم بىلەن، مەن قىلمىسام كىم قىلىدۇ دەيدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق، دادىللىق بىلەن، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان بۇرچ ھېسسىياتى بىلەن كەلگۈسىگە قاراپ تېز سۈرئەتتە ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيلى!